

# قزل قيا

1

شنجاڭ خەلق نەشرياتى

لو گۇاڭبىن    ياڭ يىيەن

# قىزىل قىيا

1

تەرجىمە قىلغۇچىلار: ئەخمەت پاسار
ئابدۇكېرىم خوجا

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

红岩：维吾尔文/罗广斌，杨益言 著；阿合买提·帕萨尔，克里木·霍加 译．—乌鲁木齐：新疆人民出版社，2008.12

ISBN 978－7－228－12136－6

Ⅰ．红… Ⅱ．①罗…②杨…③阿…④克… Ⅲ．长篇小说－中国－当代－维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ．I247.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2008)第 197353 号

| | |
|---|---|
| 责任编辑 | 穆纳尔江·托合塔洪 |
| 责任校对 | 再米拉·裴达依 |
| 特约校对 | 阿依古丽·牙森 |
| 出版发行 | 新疆人民出版社 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市解放南路 348 号 |
| 电　　话 | (0991)2827472 |
| 邮　　编 | 830001 |
| 经　　销 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 印　　刷 | 新疆新华印刷二厂 |
| 开　　本 | 880×1230 毫米　1/32 |
| 印　　张 | 29.5 |
| 版　　次 | 1978 年 5 月第 1 版 |
| 印　　次 | 2008 年 12 月第 2 次印刷 |
| 印　　数 | 8001－11000 册 |
| 定　　价 | 70.00 元（上、下） |

# مۇندەرىجە

بىرىنچى باب ........................................ 1
ئىككىنچى باب ........................................ 26
ئۈچىنچى باب ........................................ 48
تۆتىنچى باب ........................................ 96
بەشىنچى باب ........................................ 131
ئالتىنچى باب ........................................ 157
يەتتىنچى باب ........................................ 193
سەككىزىنچى باب ........................................ 221
توققۇزىنچى باب ........................................ 248
ئونىنچى باب ........................................ 278
ئون بىرىنچى باب ........................................ 315
ئون ئىككىنچى باب ........................................ 342
ئون ئۈچىنچى باب ........................................ 369
ئون تۆتىنچى باب ........................................ 401
ئون بەشىنچى باب ........................................ 426
ئون ئالتىنچى باب ........................................ 447
ئون يەتتىنچى باب ........................................ 481
ئون سەككىزىنچى باب ........................................ 523
ئون توققۇزىنچى باب ........................................ 568
يىگىرمىنچى باب ........................................ 602

يىگىرمە بىرىنچى باب ........................................ 638
يىگىرمە ئىككىنچى باب........................................ 685
يىگىرمە ئۈچىنچى باب ........................................ 718
يىگىرمە تۆتىنچى باب ........................................ 743
يىگىرمە بەشىنچى باب ........................................ 780
يىگىرمە ئالتىنچى باب ........................................ 804
يىگىرمە يەتتىنچى باب ........................................ 828
يىگىرمە سەككىزىنچى باب ........................................ 857
يىگىرمە توققۇزىنچى باب ........................................ 885
ئوتتۇزىنچى باب ........................................ 912



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com

# بىرىنچى باب

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش غەلىبىسىنىڭ خاتىرە مۇنارى[1] كۆل رەڭ تۇمان دېڭىزىغا غەرق بولغان ، چاڭجياڭ بىلەن جيالىڭجياڭ دەريالىرى كېلىپ قوشۇلىدىغان تاغلىق شەھەرنى[2] قويۇق بۇلۇت ، تۇمانلار قاپلىغانىدى . بۇ سۆرۈن سەھەر كىشىلەرنى ئەنسىز ئەسىرنىڭ يەنە بىر يىلىغا باشلاپ كىرمەكتە ئىدى .

ھاۋانىڭ شۇنچە تۇتۇق بولۇشىغا قارىماي ، بۇ ئاجايىپ ، لېكىن ئاۋات شەھەرنىڭ يېڭى يىل ئەتىگەنلىكىدىكى كوچىلىرى مىڭ - مىڭ ئادەم بىلەن تولغانىدى .

— گېزىت ساتىمەن ، گېزىت ! «جۇڭياڭ گېزىتى» ، «تىنچلىق گېزىتى !» ... «1948 - يىلى جۇڭگو قاياققا بارىدۇ...» دېگەن خەۋەرنى كۆرۈڭلار ! «ئامېرىكىنىڭ ئاتوم ھەربىي مانېۋىرى» ، «3 - دۇنيا ئۇرۇشى پارتلاش ئالدىدا ...» دېگەن خەۋەرلەرنى كۆرۈڭلار...

گېزىت ساتقۇچى يالاڭغىداق بالا ۋارقىرىغان پېتى تۇمان ئىچىدە يۈگۈرۈپ باراتتى . ئۇنىڭ يەنە توساتتىن :

— گارنىزون قوماندانلىق شتابىنىڭ بۇيرۇقىنى كۆرۈڭلار ! ئۇنىڭدا يېڭى يىلدا پوجاڭزا ، تارسىلداق ئېتىش مەنئى قىلىنغان ، ئوت ئاپىتىدىن قەتئىي ساقلىنىش ئېيتىلغان ، — دېگەن ئاۋازىمۇ ئاندا - ساندا ئاڭلىنىپ تۇراتتى .

ئۇياقتىن - بۇياققا ئېقىۋاتقان كىشىلەر ئارىسىدا ئىتتىك قەدەم تاشلاپ كېلىۋاتقان بىر يىگىت توساتتىن «ئوت ئاپىتى !» دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ قالدى - دە ، ئىختىيارسىز سىڭايان بۇرۇلۇپ كۆز يۈگۈرتتى ، لېكىن ھېلىقى گېزىت ساتقۇچى بالا ئۇنىڭ كۆزىگە

---

① ھازىر چۇڭچىڭ شەھىرىنىڭ خەلق ئازادلىق خاتىرە مۇنارى .
② چۇڭچىڭ شەھىرى بەزىدە تاغلىق شەھەر دەپمۇ ئاتىلىدۇ .

چىلىقمىدى . پەقەت بالىنىڭ :

— تېز بولۇڭلار ، شەھەر خەۋەرلىرىنى كۆرۈڭلار ! خىزمەتچىلەر چاغاننى ئۆتكۈزەلمەي ، جاندىن كەچكەنلىكى توغرىسىدا ئۇزۇن ۋىدالىشىش خېتى يېزىپ ، پۈتۈن بالا - چاقىلىرى بىلەن زەھەر ئىچىپ ئۆلۈۋالغان … — دېگەن بارا - بارا پەسىيىپ يىراقلاپ كېتىۋاتقان ئاۋازىلا كىشىلەر توپىدىن ھالقىپ چىقىپ ئاران ئاڭلىنىپ تۇراتتى .

ئالدىراپ كېلىۋاتقان بۇ يىگىتنىڭ ئىسمى يۈي شىنجياڭ ئىدى . ئۇ بۈگۈن ئۆزىنىڭ ئىشچى كىيىمىنى سېلىۋېتىپ نەۋقىران گەۋدىسىگە پاكىز كۆك جۇڭسەنفۇ كىيىۋالغانىدى . ئۇنىڭ قويۇق قارا قاشلىرى ئاستىدا چوڭقۇر ئولتۇرۇشقان ھەممىگە سەزگۈر بىر جۈپ كۆزى ئويناپ تۇراتتى . ئۇ ئەمدىلا يىگىرمە نەچچە ياشلارغا كىرگەن بولسىمۇ ، ئەمما ناھايىتى تەمكىن ، ئۆزى بىلەن تەڭ دېمەتلىك يىگىتلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا پىشقان ۋە سالماقلىق ئىدى . ئۇ ، گېزىت ساتقۇچى بالىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قوشۇمىسىنى بىلىنەر - بىلىنمەس تۈردى - دە ، تېخىمۇ ئىتتىك قەدەم تاشلىدى . ئۇ ئۇزۇن قوللىرىنى تېز - تېز سېلىپ ماڭغاچقا يەڭلىرى چاپىنىنىڭ پەشلىرىگە سۈركىلىپ ، شىرت - شىرت قىلغان رىتىملىق ئاۋاز چىقىراتتى . ئۇ تەرلەپ كەتكەنلىكىدىنمۇ ياكى مېڭىشقا ئەپلىك بولسۇن دېگەنلىكىدىنمۇ ، ئەيتاۋۇر ، سەل ئۇزۇنراق بولۇپ قالغان يېڭىنى بىلىكىگىچە تۈرۈۋالغانىدى . ئۇنىڭ قارامتۇل بىلىكى بىلەن قاداق بولۇپ پىشىپ كەتكەن ئالىقىنى كىشىنىڭ كۆزىگە دەررۇ چېلىقاتتى .

ئۇ ۋاژ - ۋاژ كوچىلاردىن كېسىپ ئۆتكىنىدە ، كەينىدىن قارا تۈتۈن پۈرقىرىتىپ كېلىۋاتقان كوچا ئاپتوبۇسلىرىغا ھەدەپ يول بېرەتتى . كونىراپ ئەبجىقى چىقىپ كەتكەن بۇ دىزېل ماشىنىلارنىڭ قۇلاقنى يارغۇدەك ئاۋازلىرى ، ئامېرىكىنىڭ كاسات ماللىرىنى دۆۋىلەپ قويۇپ سېتىۋاتقان ئېلىپساتارلار ۋە يايمىچىلارنىڭ سۈرەنلىرى ، تەقەززا بولۇپ تۇرغان رىكشىچىلارنىڭ ۋارقىراشلىرى ۋە كوچىغا لىق تولغان ئۆتكۈنچىلەرنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭلىرى

كىشىگە گويا پورۇقلاپ قايناۋاتقان قازاننى ئەسلەتتى .
يوي شىنجياڭ كۆئلىگە قانداقتۇر بىر ئىشنى پۈككەندەك ئالدىراپ كېتىپ باراتتى ، لېكىن كوچىنىڭ ئاجايىپ غەلىتە مەنزىرىلىرى ئۇنىڭ كۆزىگە تاشلىنىپ تۇراتتى . كوچىنىڭ ئىككى چېتىدىكى ئېگىز - ئېگىز بىنالارنىڭ ، سودا دۇكانلىرىنىڭ ، بانكىلارنىڭ ، ئاشخانىلارنىڭ ، تانسخانىلارنىڭ ، ئىشقا تونۇشتۇرۇش ئورۇنلىرىنىڭ ، سودىسىنىڭ ئاجايىپ بازىرى چىققان باز - بازغا سېلىپ سېتىش دۇكانلىرىنىڭ ئۈستىگە «بايرىمىڭلارغا مۇبارەك بولسۇن !» «يېڭى يىلىڭىز قۇتلۇق بولسۇن !» دېگەن پلاكاتلار ۋە رەڭدار چىراغلار ئېسىلغانىدى . كۆئلىگە ئاللىقانداق بىر غەرەزنى پۈككەن كىمدۇر بىرىنىڭ دۇكىنى ئىشنىڭ ئالدىنى ئالماقچى بولۇپ ، بۇ يىل ئۆتكەن يىللاردا كۆرۈلۈپ باقمىغان مۇنداق بىر قىلىقنى چىقىرىپتۇ : قىزىل ، يېشىل شايى ئىشلىتىشنىڭ ئورنىغا ، يېپيېڭى ئون مىڭ يۈەنلىك قەغەز پۇللارنى بىر - بىرىگە ئۇلاپ تال - تال لېنتا ياساپ ، تۇمان قاپلاپ تۇرغان ئېگىز ئىمارەتلەرنىڭ ئۆگزىسىدىن پەسكە قارىتىپ ئېسىپ قويۇپتۇ . بەزىلەر ئالەمگە ئەمدى كېلىش ئالدىدا تۇرغان مىليون يۈەنلىك قەغەز پۇللارنىڭ بېسىلىپ چىقىشىنى قارشى ئالماقچى بولسا كېرەك ، ئەتىمالىم ، ئۇنىڭدىن يۈز ھەسسە كىچىك بولغان ئون مىڭ يۈەنلىك قەغەز پۇل ئورنىغا ، تېخى يېڭىلا باسمىدىن چىققان يۈز مىڭ يۈەنلىك قەغەز پۇللاردىن لېنتا ياساپ ئېسىپ قويۇپتۇ . بەلكىم سودىگەرلەر بۇ قەغەز پۇللار ھېلىقى قىزىل ، يېشىل شايىلەردىن خېلىلا ئەرزانغا چۈشىدىغانلىقىنى ھېسابلاپ چىققاندۇ . ئەپسۇسكى ، ھېلىقى يۈز مىڭ يۈەنلىك قەغەز پۇلنىڭ قەغىزى ۋە بېسىلىشى ئون مىڭ يۈەنلىك قەغەز پۇلغا قارىغاندا چوڭمۇ ئەمەس ، چىرايلىقمۇ ئەمەس ئىدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، رەڭگى خۇنۇك بولغاچقىمۇ ، ئون مىڭ يۈەندەك كىشىنى ئۆزىگە تارتالمايتتى . «فابى»[1] لاردىن ياسالغان بۇ رەڭدار لېنتىلار سەللا شامال چىقسا شاراق - شۇرۇق ئاۋاز چىقىرىپ لەپەڭلەپ تۇراتتى . مۇنداق ئاجايىپ مەنزىرىلەر

---

① فابى — گومىنداڭنىڭ قەغەز پۇلى .

ھۆكۈمەت تەرىپىدىن يارلىق چۈشۈرۈپ مەنئى قىلىنغان پوجاڭزا بىلەن تارسىلداقتەك چەكلىمىگىمۇ ئۇچرىمىغانىدى .

يۈي شىنجياڭنىڭ باشقا نۇرغۇن قىزىقچىلىقلارغا ئانچە كۆپ قارىغۇسى كەلمىدى ، «يېڭى يىلدا دەسمايىنىڭ كېتىشىگە قارىماي تازا ئەرزان ساتىمىز !» «زىيان تارتساقمۇ ، مالدىن بىرنى سېتىۋالسىڭىز يەنە بىرنى قوشۇپ بېرىمىز !» دېگەن ئېلانلار ئىزغىرىن شامالدا لىڭشىغان پېتى قېلىۋەردى . بۇ ئېلانلار چاپلىنىشتىن بۇرۇن ، ھەممە ماللارنىڭ باھا جەدۋىلىدىكى رەقەملەرنىڭ كەينىگە بىر «0» قوشۇلغانلىقى كۆپچىلىككە مەلۇم ئىدى . بۇ ئېلانلارنىڭ كەينىدە خانىۋەيران بولۇش ئالدىدا ئۆلۈم بىلەن جان تالىشىۋاتقان قانچىلىك سولغۇن يۈزلەرنىڭ مۆكۈپ ياتقانلىقىنى كىم بىلسۇن ؟ !

ماشىنىلارنىڭ ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق تاتاتلىغان سىگنال ئاۋازلىرى كوچىغا تولۇپ كېتىۋاتقان كىشىلەرنى ۋە كوچا ئوتتۇرىسىدا تاماكا قالدۇقلىرىنى تالىشىپ تېرىپ يۈرگەن بىر توپ سەرگەردان باللارنى چۆچۈتۈۋەتتى . بۇ چاغدا ، مۇنار بېشىغا ئورنىتىلغان رادىئو كانىيىدىن بىر ئايالنىڭ تىترەك ئاۋاز بىلەن ئېيتقان ناخشىسى ئاڭلاندى :

*تۇزۇپ كېتەر بەربىر ياخشى گۈللىرىڭ ،*
*ئۆتۈپ كېتەر بەربىر ياخشى كۈنلىرىڭ ...*

يۈي شىنجياڭ ئىختىيارسىز كەينىگە بۇرۇلدى ـ دە ، كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىتتىك كېلىۋاتقان ئاق سىرلىق بىر ساقچى ماشىنىسىنى ۋە ئۇنىڭ كەينىدىن ئۇچقاندەك كېلىۋاتقان سۇيۇر شەكىللىك ئىككى پىكاپنى كۆرۈپ قالدى . پىكاپلارنىڭ ئالدىغا كۆپ يۇلتۇزلۇق ئالا بايراق[1] قادالغان ھەم خەنزۇچە «ئامېرىكا ئاخبارات باشقارمىسى» دېگەن خەت ئېنىق يېزىلغانىدى . بۇ پىكاپلارنىڭ

① ئامېرىكا بايرىقى .

ئالدىدا قوراللىق ساقچىلار ئولتۇرغان بىر ماشىنا يول ئېچىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلار شەھەرلىك ھۆكۈمەت دائىرىلىرى تەرىپىدىن يېڭى يىل مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن «ئىتتىپاقداشلار»نى كۈتۈۋېلىش يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن «غالىبىيەت بىناسى»غا كېتىۋاتقانلار ئىدى. يۈي شىنجياڭ يېنىدىن غۇيۇلداپ ئۆتۈۋاتقان ھەربىر ماشىنىنى نەپرەت كۆزى بىلەن ئۇزاتتى، ئۇ گويا ماشىنىلارنىڭ دېرىزىسىدىن ھەربىي سانائەت زاۋۇتىغا ھەمىشە بېرىپ تۇرىدىغان ئامېرىكىلىقلارنى كۆرگەندەك بولدى- دە، شۇئان قوشۇمىسىنى تۈردى. ئۇ ئەڭ ئاخىرىدا كېلىۋاتقان بىر ماشىنىنىڭ كەينىگە كىمدۇر چاپلاپ قويغان «ئامېرىكىلىقلار جۇڭگودىن چىقىپ كەتسۇن!» دېگەن شوئارنى كۆرۈپ قالدى.

يۈي شىنجياڭ كەينىدىن «تۇفى» دەپ قاتتىق بىرنى تۈكۈرۈۋېتىپ، قايناق بازارنى بويلاپ ئىلگىرىلەپ كەتتى. ئۇ بىر قانچە كوچىلارنى تەمكىنلىك بىلەن بېسىپ ئۆتۈپ، كەينىگە «قۇيرۇقلار»① چۇشۇۋالمىغانلىقىغا كۆزى يەتكەندىن كېيىن، ئۇدۇل داچۇەن بانكىسىنىڭ بەشىنچى نومۇرلۇق ياتاقخانىسىغا قاراپ ماڭدى. بۇ شەھەرنىڭ مەركىزىگە يېقىن جايلاشقان مەھەللە بولۇپ، يولنىڭ چېتى دەل- دەرەخلىك، ئىنتايىن تىنچ جاي ئىدى، بۈگۈن يېڭى يىل كۈنى بولسىمۇ، كىشىلەر بۇ يەردە ناھايىتى ئاز چىقىلاتتى. ئۇ ئېلېكتر قوڭغۇرىقىنىڭ كۇنۇپكىسىنى باستى، ئارىدىن ئانچە ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتمەي قارا سىرلانغان دەرۋازا ئاستاغىنا ئېچىلدى. دەرۋازا ئىچىدە ئۇستىگە قاراكۆك كاستۇم كىيگەن ئوتتۇرا ياشلىق بىر كىشى پەلتوسىنى يېپىنچاقلىغان ھالدا پەيدا بولدى. ئۇ يۈي شىنجياڭنى كۆرگەندىن كېيىن بېشىنى ئاستا لىڭشىتىپ ئىچكىرىگە تەكلىپ قىلدى. دەرۋازىنى يېپىشتىن ئىلگىرى، ئۇي ئىگىسى ئادەت بويىچە بېشىنى تالاغا چىقاردى، سىرتقا بىرقۇر قارىۋالدى، ئۇنىڭ بۇ ھەرىكەتلىرىدىن مۆرەككەپ شارائىتتىمۇ تۇرمۇش كەچۈرۈشنى بىلىۋالغان ئادەم ئىكەنلىكى

① قۇيرۇقلار — ئىشپىيونلار مەنىسىدە.

كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

كىچىككىنە مېھمانخانا كۆڭۈل قويۇپ زىننەتلەنگەنلىكى ئۈچۈنمۇ، ناھايىتى رەتلىك ۋە پاكىز كۆرۈنەتتى. داستىخان يېيىلغان چاققانغىنا دوغىلاق شىرە ئۈستىدىكى لوڭقىغا چىلاقلىق تۇرغان سېرىق ھاۋا رەڭ گۈل ئەتراپقا خۇش پۇراق چاچماقتا. يېڭى يىلغا بېغىشلاپ چىقارغان ئاتكىرىتكىلار، تەخسىلەردىكى قەنت - گېزەك، مېۋىلەر بايرام تۈسىنى بېرىپ تۇراتتى. تامغا ئېسىلغان ئۆزۈنچاق رەسىملەردىن باشقا شۇ بېيخۇڭ سىزغان ئارغىماقنىڭ رەسىممۇ تۇراتتى. سەندەلدەك قىپقىزىل يېنىپ تۇرغان كۆمۈر چوغلىرى سوغۇقنى ئاللىقانداق يەرلەرگە ھەيدەپ، ئۆي ئىچىنى ھوپپىدە ئىسسىتىپ تۇراتتى. بۇ يەر يۈي شىنجياڭغا زاۋۇتنىڭ ئاددىي بورا - چىتەن ئۆيلىرىدەك ئازادىلىك بېغىشلىيالمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئانچە ئىچىنى پۇشۇرمىدى. كۆرەش مۇرەككەپ ئىدى، ئاق تېررورلۇق ئاستىدا يوشۇرۇن ئىشلەۋاتقان كىشى ئۆز تەشكىلىنى ۋە ئۆزىنى قوغدىشى لازىم ئىدى، خىزمەت ئېھتىياجى ساھىبخانا پۇ جىگاۋنىڭ ئۆزىنى مۇشۇنداق كۈن كەچۈرۈش يولى بىلەن پىنھان تۇتۇشىنى تەلەپ قىلاتتى، ئەلۋەتتە. يۈي شىنجياڭ دېرىزە ئالدىدا تۇرغان نىمكەش ساپا يېنىغا كېلىپ ساھىبخانىغا سۆز ئاچتى:

— مېنى لاۋ شۈي سىز بىلەن كۆرۈشۈشكە ئەۋەتتى.

— ھە، ئاخشام دەريانىڭ نېرىقى قىرغىقىدىكى زاۋۇتتا ئوت كۆيۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ شۇنى ئويلىۋىدىم…

ساھىبخانا پۇ جىگاۋ پەلتوسىنى ئېسىپ قويۇپ، سۆز ئارىلاپ مېھمانغا چاي دەملەۋېتىپ:

— كۆك چاينى ياخشى كۆرەمسەن ياكى پەمىل چاينىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ئوخشاش، — دېدى يۈي شىنجياڭ پەرۋاسىزغىنا، — داغ سۇ ئىچىپ كۆنگەنمەن.

— ئۇنداق دېمە! ماڭا كەلگەن يولداشلار كوممۇنىزم پەدىسىدە



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

راھەتنى تەڭ كۆرىدۇ ـ دە !

پۇ جىگاۋ كۆلۈپ تۇرۇپ چاينى شىرەگە قويدى ۋە ھەمراھىنىڭ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرىگە تىكىلگەن پېتى ئۇنىڭ دولىسىنى ئاستا قېقىپ :

— يۈي شىنجياڭ ، كېچىچە ئۇخلىمىغان ئوخشىمامسەن ؟ زادى قانداق قىلىپ ئوت كەتتى ؟ — دەپ سورىدى .

پۇ جىگاۋ يەر ئاستى پارتىيە شاسى رايكومىنىڭ ئەزاسى بولۇپ ، ئىقتىسادىي خىزمەتكە مەسئۇل ئىدى . ئۇنىڭ زاۋۇت ئەھۋالىغا كۆڭۈل بۆلۈپ جىددىي سورىشى يۈي شىنجياڭنىڭ كۆڭلىنى ئىنتايىن بىئارام قىلىۋەتتى . ئاخشامقى لاۋۇلداپ كۆيگەن ئوتنىڭ بورا ـ چىتەن ئۆيلەرنى يۇتۇن ـ يۇتۇن يالماۋاتقانلىقى ، ۋىلداپ تۇرغان شولىسىنىڭ ئاسمانغا كۆتۈرۈلگەنلىكى بەئەينى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا گەۋدىلەندى . ئۇ بىرپەس ئۈندىمەي ئولتۇردى ـ دە ، كېيىن ئالدىدا تۇرغان چاينى ھاياجان بىلەن ئېلىپ ، قاتتىق ئۇسسىغان ئادەمدەك ئىككى ئوتلاپ ئىچىۋەتتى .

— ئالدىرىما ! — دېدى پۇ جىگاۋ خۇددى ئالدىنئالا ھەممىگە تەييارلىق كۆرۈپ قويغان قىياپەتتە تەسەللى بېرىپ ، — ئىشچىلارنىڭ تۇرمۇشىدىكى قىيىنچىلىقلارنى بىر ئىلاج قىلىپ ھەل قىلىشقا بولىدۇ . لاۋ شۈينىڭ پىكرىچە قانچىلىك پۇل بولسا بولىدىكەن ؟

پۇ جىگاۋ بىرئاز تۇرۇۋالغاندىن كېيىن كۆيۈنگەن قىياپەتتە :

— گېزىتنى ئوقۇدۇڭمۇ ؟ ئىشچىلارنىڭ ئېھتىياتسىزلىقىدىن ئوت كەتتى دېيىشىپتۇغۇ ؟ — دەپ سورىدى ۋە يېنىدىن بىر پارچە «جۇڭياڭ گېزىتى»نى ئېلىپ ، ئۇنىڭدىكى كىچىك سەرلەۋھىنى كۆرسەتتى ـ دە ، گېزىتنى بىر چەتكە تاشلاپ قويۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى ، — مېنىڭچە بۇنىڭدا بىر ئويۇن بار ، قانداق دېدىم ، يۈي شىنجياڭ ؟

يۈي شىنجياڭنىڭ قويۇق قارا قېشى لىپ ـ لىپ قىلىپ كەتتى ، ئاچچىقىغا پايلىماي ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ، پۇ جىگاۋغا

قاراپ كۆتۈرەڭگۈ ئاۋاز بىلەن :

— ئېھتىياتسىزلىقتىن !؟ ئوت قويۇۋەتكەن دەل ئىشپىيونلارنىڭ ئۆزى ! ئۇنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرمىسەمغۇ كاشكى ! — دېدى .

يۈي شىنجياڭ ئوت كەتكەن يەرگە يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقاندا ئوت كەتكەن يەردىن دۈرۈلدەپ كېلىۋاتقان بىر توپ ئادەمنىڭ يولۇققانلىقى، زەمبىرەك زاۋۇتىنىڭ ياچېيكا شۇجىسى شياۋ ئۇستام بىلەن نۇرغۇن يولداشلارنىڭ بىللە ئىكەنلىكى، ئوت قويغان جىنايەتچىنى قولىنى باغلاپ ئېلىپ كېلىۋاتقانلىقى، ئىشچىلار بۇ ئىككى قولاق كەستىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ئاللىقاچان تونۇۋالغانلىقى، ئۇلارنىڭ باش زاۋۇتىنىڭ تەكشۈرۈش ئورنىدىكى ئىشپىيونلار ئىكەنلىكى ھېلىمۇ ئۇنىڭ ئېسىدە ئىدى .

يۈي شىنجياڭ خۇددى ئىشپىيونلارغا غەزەپ كۆزى بىلەن تىكىلگەندەك، ئۇدۇلىدىكى ئاپئاق تامغا قادىلىپ ئولتۇراتتى . ئارىدىن خېلى ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ پۇ جىگاۋغا بۇرۇلدى :

— ئوت قويغان ھېلىقى ئىككى ئىشپىيون شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا تۇتۇلغاندا، ئۇلار غەربىي جەنۇب جاڭگۇەن مەھكىمىسى ئىككىنچى باشقارمىسىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئوت قويغانلىقىنى ئىقرار قىلدى !

— ئىككىنچى باشقارما؟ — دېدى پۇ جىگاۋ ئەجەبلىنىپ، — بۇ جۇنتۇڭ[1] ئىشپىيونلار تەشكىلاتىغۇ !

غەزەپ ئوتىنى تېخىچە باسالمىغان يۈي شىنجياڭ پۇ جىگاۋنىڭ سۆزىگە قولاق سالمىدى، ئۇ بىر - ئىككى قەدەم ئالدىغا مېڭىپ كەسكىن تۇردە :

— قەرزدار قەرزدىن قېچىپ قۇتۇلماس، دېگەن گەپ بار . ئىشچىلار تارتقان زىيانلارنى ئاخىر دۈشمەندىن تولۇق تۆلىتىۋالماي قويمايدۇ ! — دېدى .

يۈي شىنجياڭغا مەلۇم، ئوت كېتىشتىن بۇرۇن، چاڭجياڭ

---

① گومىنداڭ ھەربىي ئىشلار كومىتېتى تەكشۈرۈش ستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ قىسقارتىلغان نامى . ئۇ 1932 - يىلى قۇرۇلغان، گومىنداڭنىڭ چوڭ ئىشپىيونلۇق تەشكىلاتىدىن بىرى .

ھەربىي سانائەت باش زاۋۇتىنىڭ شۆبە زاۋۇتلىرىدا پېشكەللىكلەرنىڭ شەپىسى ئاللىقانداق كۆرۈنگەنىدى. دەسلەپتە ئىشچىلارنى تۆپە - تۆپىلەپ ئىشلەشكە زورلىدى، ئۇنىڭدىن كېيىنلا زەمبىرەك زاۋۇتىنىڭ ئىشچىلىرى ئولتۇراقلاشقان مەھەللىنى زاۋۇتنى كېڭەيتىدىغان دائىرىگە كىرگۈزۈپ، ئىشچىلارنى كۆچۈشكە قىستىدى، ئەمدى بولسا دۈشمەن بۇ مەھەللىگە ئوت قويۇۋېتىپ، كۈرەشنى تېخىمۇ چېكىگە يەتكۈزگەنىدى! چاڭجياڭ ھەربىي سانائەت باش زاۋۇتىغا قاراشلىق ھەممە شۆبە زاۋۇتلارنىڭ ئىشچىلىرى بۈگۈن زەمبىرەك زاۋۇتىغا توپلاشماقچى بولۇپ كېلىشكەنىدى. زاۋۇتنىڭ خادىملىرى قۇيرۇق تىكىۋېتىشكەن بولسىمۇ، غەزەپ ئوتىدا يانغان ئىشچىلار زاۋۇت دائىرىلىرىنىڭ زاۋۇتنى كېڭەيتىپ ياساشقا تەييارلاپ قويغان قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنى ئوت كۆيۈۋاتقان يەرگە توشۇپ، زەمبىرەك زاۋۇتى ئىشچىلىرىنىڭ ئۆيلىرىنى يېڭىۋاشتىن ياساپ بېرىشكە بەل باغلىغانىدى. غەلىبە قىلمىغۇچە كۈرەش توختىمايتتى، ئەلۋەتتە!

يۈي شىنجياڭ يوغان مۇشتۇمى بىلەن ئالدىدا تۇرغان دۈگىلەك شىرەگە بىرنى ئۇرۇۋىدى، لوڭقىغا چىلاقلىق تۇرغان ھەپىرەڭ گۈلنىڭ بەرگلىرى تۆكۈلۈپ كەتتى.

يۈي شىنجياڭنىڭ كەيپىياتى پۇ جىگاۋغىمۇ تەسىر قىلغانلىقتىن، ئۇمۇ ھاياجانلىنىپ ئولتۇراتتى. پۇ جىگاۋ خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن بۇنداق ئاممىۋى ھەرىكەتلەرگە ناھايىتى ئاز ئارىلىشىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ سىياسىي ۋەزىيەت بىلەن خېلى تونۇشلۇقى بار ئىدى.

— شۇنداق، — دېدى پۇ جىگاۋ، — چۇڭچىڭدىكى ھەربىي سانائەت جياڭ جيېشىنىڭ پۈتۈن ئىشلەپچىقىرىش كۈچىنىڭ سەكسەن پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ! ئۇ ئۆزىنىڭ ترانسپورت ئەترىتىنىڭ باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ئوبدان ئۆتەش، ئامېرىكا تەرىپىدىن بېرىلگەن قوراللارنىڭ كۆپلەپ چىقىمغا ئۇچرىغان زىيانىنى تولدۇرۇۋېلىش مەقسىتىدە ئەلۋەتتە چۇڭچىڭغا چىڭ

يېپىشىدۇ ! — پۇ جىگاۋنىڭ ئوينىاپ تۇرغان كۆزىدە ئادەتتە ئاز كۆرۈنىدىغان بىر خىل ھاياجان پەيدا بولدى ، ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ، — يۈي شىنجياڭ ! دۈشمەنلەر بۇلتۇر ئەتىيازدا «شىنخۇا گېزىتى»نى نەشردىن توختاتقاندا ، ۋۇ يۇجاڭ[1] غەزەپلەنگەن ھالدا : «ئۆزۈڭلارمۇ كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر ، سىلەرنىڭ ھەربىي سانائەت زاۋۇتۇڭلار بىزگە قارىمۇقارشى تۇرۇپتۇ ، بىرقانچە ئايدىن بېرى كۈندۈزنى كېچىگە ئۇلاپ ھەربىي قورال ياساۋاتىسىلەر ، خوش ، سىلەر بۇنى نېمە قىلماقچى ؟» دەپ ئۇلارغا سوئال قويغانلىقى ئېسىڭدىدۇ ؟ ئامېرىكا — جياڭ جېيشى ئەكسىيەتچىلەر گۇرۇھى ئىچكى ئۇرۇشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش مەقسىتىدە ھەربىي قورال ئىشلەپ چىقىرىشنى ئالدىراپ كېڭەيتىش ئۈچۈن ، ھەممە ئىپلاسلىقلارنى قىلىشقا بېرىپ يەتتى ! بۇ قېتىم پارتىيىمىز ئىشچىلارغا يېتەكچىلىك قىلىپ ، كۈرەشنى تا ئاخىرىغىچە ئېلىپ بارىدۇ .

— بىز چۈڭچىڭ ئىشچىلىرى پاك قوللىرىمىز بىلەن ھېچقاچان ئەكسىيەتچى گۇرۇھلارنىڭ كەتمىنىنى چاپمايمىز ! — دېدى يۈي شىنجياڭ كۆتۈرەڭگۈ ئاۋازدا . ئۇ بۇ قېتىمقى ئىشچىلارنى كۆچۈرۈش ۋە زاۋۇتنى كېڭەيتىشكە قارشى كۈرەشنىڭ ئەھمىيىتىنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشەنگەن ھالدا سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ، — لاۋ شۈيمۇ ئېيتقاندى ، بىز بۇ قېتىم دۈشمەننىڭ ئوت قويۇۋەتكەن جىنايىتىنى تولۇق پاش قىلىپ ، ھەممە شەھەرنىڭ ھەققانىي قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز لازىم ، بۇنىڭ بىلەنلا قالماستىن ، پۈتۈن شەھەردىكى ھەرقايسى زاۋۇتلارنىڭ ئىشچىلىرىنى ئىئانە توپلاشقا ھەرىكەتلەندۈرۈپ ، تارتقان زىيانلىرىمىزنى دۈشمەندىن تۆلىتىۋېلىشتىن بۇرۇن ، زەمبىرەك زاۋۇتىدىكى ئىشچىلارنىڭ تۇرمۇش قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ بېرىشىمىز كېرەك .

— ئىئانە پۇل قولغا كېلىشتىن بۇرۇن ، مەن ئامال قىلىشىم مۇمكىن ... — دېدى پۇ جىگاۋ يۈي شىنجياڭنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ .

---

① يولداش ۋۇ يۇجاڭ شۇ چاغلاردا ج ك پ سىچۈەن ئۆلكىلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى ئىدى .

دەرۋەقە، شۇ كۈنلەردە نەچچە يۈز ئۆيلۈك ئىشچىلارنىڭ تۇرمۇشىنى قامداش ئوڭاي ئىش ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، يەر ئاستى پارتىيىنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى مەلۇم چەكلىمىلىرى ئەسلىدىلا بۇ جىگاۋنىڭ ئۆز مەسئۇلىيىتى دائىرىسىدىكى ئىش ئىدى.

يۈي شىنجياڭ تۇزۇتسىزلا باش لىڭشىتىپ، كېرەك بولۇۋاتقان پۇل سانىنى ئېيتتى، ئاندىن:

— لاۋ شۈيمۇ سىز بېرىپ تۇرغان پۇلنىڭ ئورنىنى كېيىن ئىئانە پۇلدىن چىقىرىپ سەپلەپ قويۇشنى ئېيتقانىدى، — دېدى.

— گەپ يوق، بۇ پۇلنى ساڭا ئەتىلا بېرىۋېتىشىم مۇمكىن، — يېڭى يىل باشلىنىش بىلەن، پۇل ئوبوروتى ناھايىتى جىددىي بولۇۋاتقان بولسىمۇ، بۇ جىگاۋ ۋايساپ تۇرۇۋالمىدى، ئەكسىچە ئۆزلۈكىدىن، — ئەگەر يېتىشمەي قالسا، ئۇنىڭدىنمۇ كۆپرەك پۇلنىڭ ئىلاجىنى قىلىپ كۆرۈشۈم مۇمكىن، — دېدى.

بۇ جىگاۋ يۈي شىنجياڭنىڭ قويۇق قېشىغا ۋە بىر جۈپ كۆزىگە قاراپ تۇرۇپ:

— يۈي شىنجياڭ، بەك ھېرىپمۇ كەتكەنسەن، بىزنىڭكىدە دەم ئېلىپ، تاماق يەپ ئاندىن كەتكىن، — دېدى، ئاندىن سائىتىگە بىر قارىۋېلىپ، — خوتۇنۇم سەي ئالغىلى كەتكەنىدى، قايتىپ كېلىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدى، — دەپ قوشۇپ قويدى.

ئۇ، ئۆيدە ئىشلەۋاتقان خىزمەتچى مومايىنى ئۆز تۇغقانلىرى بىلەن بىللە يېڭى يىلنى ئۆتكۈزۈشكە ئەۋەتىۋەتكەنلىكىنى، بىرقانچە كۈندىن بېرى ئەر - خوتۇن ئىككىسى تاماق قىلىپ يەۋاتقانلىقىنى ئېيتتى.

يۈي شىنجياڭ ئۇنىڭ بۇ غەمخورلۇقىغا ئانچە ئېرەن قىلىپ كەتمىدى. ئۇ كەم سۆز، لېكىن شۇنداق بىر كۈچكە ئىگە ئىدىكى، خىزمەتتىن باشقىسىغا كۆڭۈل بۆلمەيتتى، ئىشلا بولسا، ھەتتا قورسىقىنىمۇ يادىدىن چىقىرىپ قوياتتى. شۇڭا، ئۇنىڭ ئانىسى ئۆز ئوغلىنىڭ سالامەتلىكىنى بۇزۇۋېلىۋاتقانلىقىدىن ھەمىشە

ئاغرىناتتى، لاۋ شۈيمۇ ئۇنى شۇ سەۋەبتىن تەنقىدلىگەنىدى. لېكىن، ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ مىجەزىنى ئاسان ئۆزگەرتەلمەيتتى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ كاللىسى خىزمەت بىلەن بەند بولغان بۈگۈنكى كۈنلەردە تاماق ۋە ئۇيقۇغا تېخىمۇ چولىسى تەگمەيتتى. ئۇنى دېسە، لاۋ شۈينىڭ مىجەزىمۇ ئۇنىڭدىن قېلىشمايتتى. بۈگۈن سەھەردە ئۇ يۈي شىنجياڭنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ناشتىمۇ قىلماستىن زاۋۇتقا كەتكەن ۋە مېڭىش ئالدىدا يۈي شىنجياڭغا بىرمۇنچە ئىشلارنى تاپىلىغانىدى.

— يەنە بىر ئىش ئېسىمدىن چىقىپ قاپتۇ، — دېدى يۈي شىنجياڭ تۇيۇقسىز پۇ جىگاۋغا قاراپ، — لاۋ شۈي شاسى رايونىدا ھەر ئېھتىمالغا قارشى بىر ئالاقە پونكىتى قۇرماقچى ئىكەنلىكىنى ئېيتقانىدى.

لاۋ شۈينىڭ بۇ ئويى شاسى رايونىدىكى ھەرقايسى زاۋۇت ئىشچىلار ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ تۇغۇلغانىدى. بىراق، لاۋ شۈي بۇ ئالاقە پونكىتىنى ئۆزگە تەۋە شاسى رايكومىدىكى باشقا خىزمەتلەر بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ قويۇشقا كۆڭلى بارمىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ۋەزىپىنى كىمگە تاپشۇرۇش ئۈستىدە بىر قارارغا كەلمىگەنىدى. يۈي شىنجياڭ لاۋ شۈينىڭ شۇ چاغدىكى ئويچان قىياپىتىنى ئېسىگە كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭ مەقسىتىنى پۇ جىگاۋغا چۈشەندۈردى:

— ئالاقە پونكىتىنىڭ خىزمىتى ئاممىۋى خىزمەتتىن ئايرىم بولۇشى لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈن لاۋ شۈي بۇ ۋەزىپىنى سىزگە تاپشۇرۇشنى ۋە سىزنىڭ نېمە دەيدىغانلىقىڭىزنى ئاڭلاپ بېقىشنى ئېيتتى، — دېدى.

— جياڭ ھەدە سەپەرگە چىقىش ئالدىدا تۇرغانلىقى ئۈچۈن رايكوم مېنىڭ ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىنىڭ بىر بۆلىكىگە قوشۇمچە مەسئۇل بولۇشۇمنى ئويلاپتۇ-دە! — دېدى پۇ جىگاۋ تارتىنغاندەك كۈلۈپ. ئۇ ئارتۇقچە گەپمۇ قىلمىدى، بۇ ۋەزىپىنى قىلچە تەس كۆرمەي قوبۇل قىلدى. بۇ ئاي-بۇ كۈنلەردە نېمە بولسا بولسۇن،



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com